# شى جىنپىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەتنىڭ ھەيۋىسى، ئارمىيەنىڭ ھەيۋىسى كۈچلۈك
نامايان قىلىندى، مىللىي روھ زور دەرىجىدە ئۇر-
غۇتۇلدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچى كەڭ
قوزغىتىلدى. تەبرىكلەش پائالىيىتى بىرىنچى 100
يىل يېتىپ كېلىش پەيتىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن
ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق
بىر نىيەتتە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئى-
يەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىغا قاراپ جاسارەت
بىلەن ئىلگىرىلىگەن بىر قېتىملىق ئۇلۇغ كۈچنىڭ
مۇجەسسەملىنىشى؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈل-
لىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش مۇساپىسىدە، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىز-
لىرىنىڭ ئورتاق غايە توغرىسىدا قىلغان بىر قېتىم-
لىق مەردانە باياناتى؛ بۈگۈنكى دۇنيا يۈز يىلدىمۇ
كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى
باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ۋەزىيەتتە، جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر دۇنيانىڭ شەرقىدە
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى ھەمدە بارغانسېرى
گۈللەپ ياشناپ، بارغانسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقانلى-
قىنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا نامايەندىسى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەبرىك-
لەش پائالىيىتى ئالاقىدار ئورۇنلار كۆپ، قاتناشقان
خادىملار كەڭرى، ۋاقىت ئارىلىقى ئۇزۇن، تەشكىل-
لەش ۋەزىپىسى ئېغىر پائالىيەت. پائالىيەتنىڭ
تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى تۈپتىن ئېيتقاندا
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلى-
كىدىن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىش-
چانلىقىدىن بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەبرىك-
لەش پائالىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك
روھىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى، پۈرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك
تەربىيەسى ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.
تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭى-
لىق يارىتىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى گەۋدىلەندۈر-
دى، ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلەرنى يەكۈن-
لەپ، شۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم، زور
تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش
كېرەك. تەبرىكلەش پائالىيىتى بىزگە ئىنتايىن قىم-
مەتلىك مەنىۋى بايلىق قالدۇردى، بۇ مەنىۋى باي-
لىقلارنى قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈ-
چەيتىپ، ئۇنى يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسى
يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان
قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇ-
رۇش كېرەك.

يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت
سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدىكى
مۇھىم سۆزى يەتكۈزۈلدى.

ۋاڭ خۇنىڭ يىغىندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:
باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70
يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى
چوڭقۇر شەرھلەندى، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ
تەييارلىق خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈل-
دى، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش توغرىسىدا ئېنىق تە-
لەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز ئۇنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. تەبرىك-
لەش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلى-
كى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نە-
تىجىسى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار،
جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر ۋە خەلق ئامما-
سىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى،
ھەرقايسى خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋە بارلىق قاتناش-
قۇچى خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجى-
سى، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يە-
كۈنلەپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇس-
تەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ
يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆ-
گىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، باش
شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىك-
لەش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك مۇھىم سۆزلىرىنىڭ
روھىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، كېيىنكى ئالاقىدار
تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى پۇختا، ياخشى ئۆتكۈ-
زۈپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى
تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،
كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى
قوزغاتقان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئىسلاھات،
تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى
ياخشى ئىشلەشكە تەتبىقلاشقا يېتەكلەش كېرەك.

تەبرىكلەش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى-
نىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن دىڭ شۆشياڭ،
شۈ چىلياڭ، خۇاڭ كۇنمىڭ، سەي چى، شياۋ جيې،
جاۋ كېجى، خې لىفېڭ، لى زوچېڭ كۆرۈشۈشكە
قاتناشتى ھەم يىغىنغا قاتناشتى. تەبرىكلەش پائالىيە-
تى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى
خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ
مەسئۇل يولداشلىرى ھەم خىزمەتچى خادىملار، پا-
راتتىن ئۆتكەن قىسىملاردىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەر-
لەر، نامايىشقا، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشقا قاتناشقۇ-
چى ئاممىلار، مۇلازىمەت ـ كاپالەت خادىملىرى، پە-
دائىيلار، ئارتىسلار، ئامانلىق ساقلاش 1 ـ سېپى-
دىكى نۆۋەتچى خادىملار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار
پائالىيەتكە قاتناشتى.

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر «شىنجاڭغا دائىر بىر قانچە تارىخىي مەسىلە» قاتارلىق ئاق تاشلىق كىتابلارنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

**مۇخبىرىمىز فەن خۇڭبى** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ
ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي
پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئىجتىما-
ئىي پەن نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ «شىنجاڭغا
دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» «شىنجاڭنىڭ تېر-
رورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش
كۈرىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى» «شىن-
جاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمە-
تى» قاتارلىق ئاق تاشلىق كىتابلارنى ئۆگىنىش
سۆھبەت يىغىنىنى تەشكىللەپ ئاچتى. ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ-
لەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدى-
كىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق جەمئىيەت تەشكىلات-
لىرىدىن كەلگەن 100 گە يېقىن مۇتەخەسسىس،
ئالىم يىغىنغا قاتناشتى، ئۇلار ۋەكىل «شىنجاڭغا
دائىر بىر قانچە تارىخىي مەسىلە» قاتارلىق ئاق
تاشلىق كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگىنىش، تەتقىق
قىلىش، تەشۋىق قىلىشنى چۆرىدەپ سۆھبەت ئۆت-
كۈزدى، پىكىر ئالماشتۇردى.

مۇتەخەسسىس، ئالىملار مۇنداق قارىدى:
«شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە»
ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئۆگىنىشتە، باشتىن ـ
ئاخىر شىنجاڭ تارىخىنى جۇڭگونىڭ بىرلىككە
كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت تارىخىي مۇساپىسى-
گە قويۇپ تونۇپ، توغرا دۆلەت قارىشىنى تۇرغۇ-
زۇش كېرەك؛ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر
مەدەنىيىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى
مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ كەلگەنلىكى،
جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئايرىلسا، شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىدىن ئاي-
رىلىپ قالىدىغانلىقى، ئەسلىسىدىن ئايرىلىپ قالىدى-
غانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەك؛ جۇڭخۇا
مەدەنىيىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدە-
نىيىتى گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىشنىڭ
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئىجتى-
مائىي پەن نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ روشەن
قىممەت ئىنتىلىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ
يېتىش كېرەك.

مۇتەخەسسىس، ئالىملار مۇنداق قارىدى:
«شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىي-
لىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كاپا-
لىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئۆگىنىشتە،
جەزمەن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەككى،
شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا
قارشى تۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ
تۇرۇپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىك-
نى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇ-
رۇپ، تېررورىزمغا زەربە بېرىشنىڭ ھەققانىيلىقىنى
ئەۋج ئالدۇردى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان سەمىمىي ئارزۇسىنى
قاندۇردى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغ-
دىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا تېررورلۇققا
قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈچۈنمۇ تۆھپە قوشتى.
ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ھەر
مىللەت ئاممىغا ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى
پائال تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەقىل ـ
پاراستى ۋە كۈچىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئالغا سىل-
جىتىشتىكى ئۇلۇغۋار ئىشقا مۇجەسسەملىشى كېرەك.

مۇتەخەسسىس، ئالىملار مۇنداق قارىدى:
«شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە
خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئۆگىنىشتە،
جەزمەن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەككى،
شىنجاڭدا قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى
تەسىس قىلىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋە-
قە)لىرىنى چەكلەشنىڭ، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا
بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز
ئېھتىياجى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ زورا-
ۋانلىق ـ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ دەخلى ـ
تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە
كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، تېخىمۇ
مۇھىمى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئە-
بەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز
ئېھتىياجى؛ شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەك-
كى، شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە
خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جۇڭگونىڭ خەلقئارا
تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگە-
تىش تەشەببۇسى ھەم ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈر-
گەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، شىنجاڭدى-
كى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپى-
گە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، دۇنيادىكى ھەرقايسى
دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىگە
پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە خىز-
مەتچىلىرىنىڭ دۇنياغا جۇڭگو قانات يايدۇرغان
كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ
ئەينەن ئەھۋالى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمى-
نى تەشۋىق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، خەلقئارادىكى
بىر قىسىم يامان غەرەزلىك، «قوش ئۆلچەم» قول-
لىنىۋاتقان، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەر-
كىزىگە قارا چاپلاۋاتقانلارغا قارشى قەتئىي
كۈرەش قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە ھەقىقىي
ئەمەلىي پايدا ئېلىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا،
جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىيات
يولىدا مېڭىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى
كەيپىياتنى نامايان قىلدى. مەن جۇڭگو ـ موڭغۇلى-
يە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت
بېرىمەن، زۇڭتۇڭ باتتۇلگا بىلەن ئورتاق تىرى-
شىپ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتې-
گىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە بىرلىكتە تۈرتكە
بولۇپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىمىز-
نىڭ 70 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ،
ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى قولغا
كەلتۈرۈشنى خالايمەن.

باتتۇلگا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى
بىلدۈردى: موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو دىپلوماتىك مۇنا-
سىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىدىن ئىبارەت بۇ
مۇھىم تارىخىي ۋاقىت تۈگۈنىدە، ئىككى تەرەپ
70 يىللىق ئالاقىلىشىش نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ،
كەلگۈسى ھەمكارلىق ئۇزاق يۆنىلىشى بويىچە يۇ-
قىرى قاتلام كېڭەشى ئۆتكۈزدى ۋە يىرىك پىلانى
تۈزدى، موڭغۇلىيە تەرەپ بۇنىڭدىن بەكمۇ
خۇشال. نۆۋەتتە موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو ئومۇمىيۈز-
لۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى
ھەرقايسى ساھەلەردە ياخشى تەرەققىياتلارغا ئې-
رىشتى، بۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە تا-
مامەن ئۇيغۇن بولۇپ، ئۆز رايونلىرىنىڭ تىنچلىقى
ھەم تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. مەن داۋام-
لىق رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ،
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىككى دۆلەتنىڭ دوستا-
نە مۇناسىۋىتى ھەم ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمە-
كارلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش-
نى خالايمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ
موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭلىسى كۈرېلسۈكې بىلەن
ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ
تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزى-
يەتتە، جۇڭگو تەرەپ موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن بىر-
لىكتە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭ قەدەم
بىلەن ئىلگىرىلىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ،
ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ
كۆپ بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىشنى خالايدۇ.
كۈرېلسۈكې تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق
دېدى: موڭغۇلىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن
بىرلىكتە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ماھى-
يەتلىك مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئىككى
تەرەپنىڭ خەلقئارا، رايون ئىشلىرىدىكى ھەمە-
كارلىقنى مۇستەھكەملەپ، ئىككى دۆلەت خەل-
قىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى
خالايدۇ.

---

# ئىدىيىۋى ئاساسنى پۇختىلاش
# مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش

## ـــ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي**
**بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇڭ
قەشقەر مۇخبىرلار پونكى-
تىدىن ۋاڭ ۋېنبو

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇ-
ماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەر-
بىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلا-
يىتى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئو-
مۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي
لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئارقىلىق
ئەسلى مەقسەتنى بېيىتىپ، بۇرچنى يېتەكلەپ، باش
تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن ئەمەلىي
خىزمەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ماس قەدەمدە ئالغا
سىلجىتىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە
توغرىلىنىپ ئۆگىنىشنى تۇتۇپ، مەنبەنى چوڭقۇر
قېزىپ مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلە ئارقىلىق
تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، باش
تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل
قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ■ ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۆگە-نىشنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈش

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىر قەدەم بالدۇر
ئۆگىنىش، بىر قاتلام چوڭقۇر ئۆگىنىشتە چىڭ
تۇردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بەنزىسى 1 ـ تۈركۈم-
دىكى باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدىلا، دىققەتنى
شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەگە مەركەز-
لەشتۈرۈپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش ۋە شەخسلەر
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى.

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى باشلان-
غاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيە، باشقارما دە-
رىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھ-
بىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى گەۋ-
دىلەندۈرۈپ، 13 يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ،
پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر-
نىڭ باش تېما تەربىيەسىگە مەخسۇس ئىز قوغلاپ
يېتەكچىلىك قىلدى. دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى
دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە مەركەز-
لەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى
ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەش-
تۈرۈپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم بەنزىسى ئۆگىنىش
پىلانى تۈزۈپ، ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ يەتتە كۈن مەر-
كەزلىك ئۆگىنىش قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرلىرى، 10 ـ
ئاينىڭ باشلىرىدا، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن
يۇقىرى 870 رەھبىرىي كادىر ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ مەركەزلىك ئۆگىنىش، شەخسلەر
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، باشلاپ ئوقۇش، تەتقىق
قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قول-
لىنىپ، زۆرۈر مەزمۇنلارنى تولۇق ئوقۇدى،
تەتقىق قىلىپ ئوقۇدى، پىششىق ئوقۇدى. مەسىلە،
نىشان، ئۈنۈمدىن ئىبارەت «ئۈچ يۆنىلىش»تە
چىڭ تۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، كەسىپلەرنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش
ئەھۋالىنى تور يېيىش شەكلىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ
ئېنىقلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن مەسىلىنى ھەل
قىلدى. 9 ـ ئايدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نا-
ھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كا-
دىرلار ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، تەلىپىدىن جەمئىي
5221 نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈرۈپ
كۆزەتتى، ئىگىلىدى.

مەكىت ناھىيەسى باش تېما تەربىيەسىدە، نا-
ھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەر «نامرات كەنتلەرگە
چوڭقۇر چۆكۈش، قىيىن مەسىلىلەرنى مەركەزلىك
ھەل قىلىش» تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېيى،
ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرلىرى ھەرىكەت ھەپ-
تىلىكى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇ-
رۇپ، «قاتلامغا بۆلۈپ ئالاقىلىشىش» كونكرېت
تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيە دەرىجىلىك 37
نەپەر كادىرنىڭ ھەربىرى بىردىن ئۈچكىچە يېزا ـ
بازار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەسىلە ئەڭ كۆپ
بولغان كەنتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، قىيىنچىلىقى
ئەڭ ئېغىر ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى، ئۇلارنى
يۆلىدى، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى، ھاكىم ۋە-
زىپىسى ئەڭ ئېغىر يېزا ـ بازارلار بىلەن ئالاقىلى-
شىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە
ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولدى. ئۆزگەرتكىلى بو-
لىدىغانلىرىنى ئاۋۋال ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي ئۆز-
گەرتىش، ئەمەلىي ئۆزگەرتىش، مەسىلىنى ھەل
قىلىش ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈ-
نۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

مارالبېشى ناھىيەسىدىكى تۆت يۈرۈش بەنزى-
نىڭ ئەزالىرى پارتىيە تارىخى ۋە يېڭى جۇڭگو تارى-
خىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن
بىللە بۇ ناھىيە «قىزىل تارىخنى قايتا ئەسلەپ، ئى-
دىيىۋى روھنى پۇختىلاش» بويىچە پارتىيە تارىخى
ۋە يېڭى جۇڭگو تارىخى بىلىملىرى زېھىن سىناش
مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، پارتىيەلىك كادىرلارنى
ۋەتەنپەرۋەرلىك فىلىملىرىنى كۆرۈش قاتارلىقلارغا
تەشكىللەش ئارقىلىق، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق
قىلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش،
ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش قىزغىنلى-
قىنى قوزغىتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن
ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك
كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

### ■ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۆگە-نىش، قىلىش، تەكشۈرۈش، تۈزىتىشنى بىرلەشتۈرۈش

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە
تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن
تۈزىتىش، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش،
تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ
تۇرۇپ، ئاممىنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق،
ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلە-
لەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش
تۇيغۇسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ «قىممە-
تى»نى نامايان قىلدى.

يېڭىسار ناھىيەسى سىتلى يېزىسى پارچە يېڭى-
يەر كەنتى ھەر ھەپتىدە دۆلەت بايرىقى چىقىرىپ
لېكسىيە سۆزلەش، ھەر كۈنى كەچ كۇرستا لېكسىيە
سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، يېزا ۋە
ئاممىنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ،
ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق شى جىنپىڭنىڭ
يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى
زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. كەنت پارتىيە يا-
چېيكىسى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىنچىكە سېلىشتۇرغان-
دىن كېيىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككىدىن ئۈچ-
كىچە گەۋدىلىك مەسىلىنى بېكىتىپ تۈزەتتى،
مەزكۇر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قا-
ۋۇلجان قاسىم مۇنداق دېدى: «ھەربىر تۈر ‹مە-
سىلە تىزىملىكى› نى بىر ـ بىرلەپ ‹مۇلازىمەت تى-
زىملىكى›، ‹رازى بولۇش تىزىملىكى›گە
ئايلاندۇرىمىز».

باش تېما تەربىيەسىدە، يوپۇرغا ناھىيەسى
«مىڭ دوختۇر يۈز كەنتكە ياردەم بېرىش ـ
يۆلەش» خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغاتتى، 9 ـ
ئايدىن بۇيان، سەرخىل، تايانچ دوختۇرلارنى
تاللاپ يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ كېسەل كۆرۈشكە
ئەۋەتىش ئارقىلىق، جەمئىي 271 نەپەر يېزا ـ كەنت
دوختۇرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاممىغا جەمئىي 50
مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق مۇلازىمەت قىلىپ،
ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.
يوپۇرغا ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى
پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر
لى جىسەي مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيەسى-
دە، بىز تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ‹ئۆلۈمگە ئامال،
ئاغرىققا سەۋەب قىلىش›روھىنى ‹كوممۇنىستلارنىڭ
ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى› بىلەن يۈكسەك بىر-
لىككە كەلتۈرۈپ، دىققەتنى ساغلاملىق ئارقىلىق
نامراتلارنى يۆلەشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەنت شى-
پاخانىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كېسەل كۆرۈش،
ياردەم بېرىش، يۆلەش، يېتەكچىلىك قىلىش قاتار-
لىقلارنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كەنت ئاھالى-
لىرى كەنتتىن چىقمايلا كېسەل كۆرسىتەلەيدىغان
بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەنت دوختۇرلىرىنىڭ
مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە ئاممىنىڭ رازى بولۇش
دەرىجىسىنى ‹قوش ئۆستۈردۇق›».

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات
كومىتېتىنىڭ يەكەن ناھىيەسى خاڭدى بازىرى يۇقى-
رى چاقماقكۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى
بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل
قىلىش» خىزمەت ئەترىتى باش تېما تەربىيەسىدە
نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش
خىزمىتىدە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەرنى تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن تەكشۈردى، كۆزەتتى. تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش جەريانىدا، خىزمەت ئەترىتى پارتىيە
ياچېيكىسى ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش سە-
ۋەبىدىن ئۇزاقتىن بۇيان سىرتقا چىقىپ ئىشلىيەلمە-
گەن بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئار-
زۇسىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ كەنتتىكى «قىزىل
ئانار قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتى-
پى»غا قاتنىشىپ، پانۇس ياساش بىلەن شۇغۇللىنى-
شىغا ياردەم بەردى. دۆلەت بايرىمىدىن بۇرۇن،
ھەمكارلىق كوپېراتىپى 38 مىڭ پانۇس سېتىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەزكۇر كەنتتىكى ھەم ئەتراپتىكى
285 ئادەمنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ،
كىشى بېشىغا ئېيىغا 800 يۈەن كىرىم قىلىشىغا
تۈرتكە بولدى. يېقىنقى مەزگىلدە، ھەمكارلىق كو-
پېراتىپى يەنە خېبېيلىك سودىگەرلەر بىلەن ئالاقى-
لىشىپ زاكاز توغرىسىدا سۆزلىشىپ، چاغانلىق
زاكاز ئۈچۈن زاپاس مەھسۇلات تەييارلاپ، ھەمە-
كارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەۋاتقان ئاممىنىڭ ئۇزاق
مۇددەت مۇقىم كىرىمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەت-
لىك قىلدى.